


# ئائىلە قېرىنداشنىڭ 50 يىلدىن ھالقىغان چوڭقۇر مۇھەببىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا

ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىنىڭ شەھەر رايونىدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەيياڭخې قازاق يېزىسىنىڭ بەيياڭخې كەنتىدە ئائىلە قېرىنداشنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۆزئارا ياردەم بەرگەنلىكى، بىر ـ بىرىنى يۆلىگەنلىكى تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئائىلە قېرىنداش ئوخشاش بولمىغان جايدىن، ئوخشاش بولمىغان ئائىلىدىن، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇزاق يىل داۋاملاشقان كەڭ ئالاقىلىشىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇش، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇش داۋامىدا بارغانسېرى يېقىن بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى.

### بىللە چارۋا بېقىپ، بىرلىكتە يەر تېرىپ دوستلۇق مېھرى ئورنىتىش

«بەشىنچى ئاكا، بۇ يىل كۆممىقوناقنىڭ ھوسۇلى يامان ئەمەس بوپتۇ!» 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، تاغلار ئوراپ تۇرغان بەيياڭخې كەنتىدە قاتمۇقات ئورمانلار رەڭدارلاشقاندى، تاغ ئېتىكىدىكى قۇرۇتۇش مەيدانىدا ساپسېرىق كۆممىقوناقلار يېيىپ قويۇلغانىدى، ليۇ يىڭ بىر باش كۆممىقوناقنى ئېلىپ كۆممىقوناق دېنىنى تەخمىنەن ساناپ بېقىپ ئەخمەت ھۇسەنگە شۇنداق دېدى.

شۇ كۈنى ئەخمەت ئائىلىسىدىكىلەر كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىماقچى ئىدى، قېرىنداشلارنىڭ چوڭى ۋاڭ شيۇك، ئىككىنچىسى بادمارا، ئۈچىنچىسى جىن شۆخۇي، بەشىنچىسى ئەخمەت ھۇسەن، ئالتىنچىسى ليۇ يىڭ يەنە جەم بولدى.

«ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە بىللە چارۋا باقتۇق، مەھسۇلات ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، يەنە تاغ باغرىدا يەر تېرىدۇق، ھازىر چاچلىرىمىز ئاقىرىپ كەتتى، ئەمما چېچىلىپ كەتمىدۇق!» دان ئايرىش ماشىنىسى گۈرۈلدەيتتى، قېرىنداشلار غەيرەتكە كېلىپ سورىغان كۆممىقوناق دانلىرى كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى.

ۋاقىت ئىسترېلكىسى 50 نەچچە يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا قايتۇرۇلدى.

1966 ـ يىلى، 23 ياشلىق ۋاڭ شيۇك بەيياڭخې كەنتىگە كېلىپ تۇرمۇش كەچۈردى، تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى تۇغۇلدى.

«خوتۇنۇم يەڭگىگەندىن كېيىن سۈتى كەلمىدى، مەن ئۆيمۇئۆي قاتراپ كالا سۈتى ئىزدىدىم، كۆپچىلىك ئۆيىدە بار بولسىلا بېخىللىق قىلماي بەردى. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇ ۋاقىتلاردا كالا سۈتى ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ئىدى.» ۋاڭ شيۇك مۇنداق دېدى: بالامنى قولۇم ـ قوشنىلار بىللە بېقىپ چوڭ قىلدى.

1984 ـ يىلى ليۇ يىڭ گەنسۇ دىڭشىدىن ئۆزى يالغۇز شىنجاڭغا كەلدى، بەيياڭخې كەنتىدىكى «چوڭ دادا» «چوڭ ئانا»لار ئۇنىڭ بۇ يەردە يىلتىز تارتىشىغا ياردەم بەردى. «شۇ چاغلاردا، قايسى ئۆيدە تاماق پىشسا مېنى چاقىراتتى؛ كىيىمىمنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، بادمارانىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كىيىمىنى ماڭا كىيدۈرۈپ قوياتتى» دېدى ليۇ يىڭ.

ھەممە ئىشلار خۇددى يېقىندىلا يۈز بەرگەندەك ئىدى.

### «كەمپۈت بولسا تەڭ يەيتتۇق، ئىش بولسا بىللە قىلاتتۇق»

«ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە، مەن ۋاڭ شيۇك، ليۇ يىڭ بىلەن بىللە چارۋا باقاتتىم، كەمپۈت بولسا تەڭ يەيتتۇق، ئىش بولسا بىللە قىلاتتۇق، ئايرىلماس ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بولۇپ قالغاندۇق» دېدى بادمارا تەسىرلىك قىلىپ.

ليۇ يىڭ گەپ قىستۇردى: «بىر قېتىم مەن قويۇمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، ئۇ ئىككىسى تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ نەچچە سائەت ئىزدەپ ئاخىرىدا ماڭا ياردەملىشىپ قوينى تېپىشىپ بەردى».

مەھسۇلات ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ ئائىلە ئائىلىگە بىر تاغ باغرىدىن يەر بۆلۈپ بېرىلدى، ئەخمەت بىلەن بادمارانىڭ ئاشلىق تېرىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قېرىنداشلىرى ئۇلارغا قولمۇقول ئۆگەتتى، ئەتىيازدىكى تېرىلغۇ، يازدىكى ئەمگەك، كۈزدىكى يىغىم... ئائىلە ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۈن ـ كۈنلەپ بىرلىكتە ئەمگەك قىلىشى، بىر ـ بىرىنى يۆلىشى داۋامىدا، ئەسلىدىكى ئۈچ قېرىنداش ئائىلە قېرىنداشقا كۆپەيدى، رىشتىمۇ ساپسېرىق كۆممىقوناق دېنىدەك بارغانسېرى چىڭىدى.

«بىزنىڭ كونا ئۆيىنى قېرىنداشلار بىرلىكتە سېلىشىپ بەرگەن. كىمنىڭ ئۆيىدە ئىش بولسا، پەقەت چاقىرسىلا قېرىنداشلار ھايال ئۆتمەيلا بارىمىز.» ئەخمەت كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇڭگۈنكىدەك بىرلىكتە ئەمگەك قىلىش بىزنىڭ كۆپ يىللىق ماسلاشقانلىقىمىزدىن بولۇپ، كۆپ يىل ئۆزگەرمەيدىغان ۋەدىدەك بولۇپ قالدى.

بىللە چارۋا بېقىش، بىللە ئۆي سېلىش، بىللە يەر تېرىش... يىللار جىمجىت ئۆتتى، بىر ـ بىرىنى يۆلەش بىر خىل ئادەتكە ئايلاندى، باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم بېرىش دائىملىق ئىشقا ئايلاندى.

بۇلتۇر قىشتا، ئەخمەت ئېھتىياتسىزلىقتىن سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋالدى، ئۇ تېخى ئېغىز ئاچماي تۇرۇپلا بادمارا ئەر ـ خوتۇن بىلەن ليۇ يىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ 100دىن ئارتۇق قويىنى بېقىپ بەردى.

«توپتوغرا بىر قىش يەم ـ خەشەك توغراش، قويلارغا يەم بېرىشنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارغا تاياندىم، ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىپ چوڭ مەسىلەمنى ھەل قىلىپ بەردى!» دېدى ئەخمەتنىڭ خوتۇنى چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن.

### «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەڭگۈشتەرنى يوقىتىپ قويمىدۇق»

دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ گۈرۈلدىشى شىپپىدە توختىدى، ئالتۇن رەڭ كۆممىقوناق دانلىرى ئامبارغا توشۇلدى. ئەخمەتنىڭ چاقىرىشى بىلەن قېرىنداشلار گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭ تاغ باغرىدىكى ھويلىسىغا كەلدى، ھويلا دەرۋازىسىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسى» دېگەن خەت يېزىلغان تاختا پارقىراپ تۇراتتى.

2019 ـ يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھە تاختىسى ئەخمەتنىڭ ھويلىسىغا ئېسىلدى، ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلەندى: «بىز ھەر مىللەت ئاما ئەۋلادمۇئەۋلاد بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدۇق، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ھويلىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسى!»

ئەخمەت چەينەكنى ئېلىپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىل چاينى شىرەدىكى بەش پىيالىگە لىق قۇيدى. «ئەگەر سېرىكغىزى راخمان كېسەل بىلەن كېتىپ قالمىغان بولسا، بۈگۈن بىز ئائىلە قېرىنداش جەم بولغان بولاتتۇق» دېدى ۋاڭ شيۇك.

«چوڭ ئاكا، تۆتىنچى ئاكام تۆگەپ كەتكىنى بىلەن ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى دائىم بىزنى يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ!» ئەخمەتنىڭ گېپى كىچىك ھويلىدىكى قىسقىغىنا جىمجىتلىقنى بۇزدى.

«توغرا، بىز ياشىنىپ قالدۇق، ئەمما بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى يوقىتىپ قويمىدى!» دېدى بادمارا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

ئەخمەتنىڭ قىزى ئادىلە ئەخمەت ۋۇخەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، چوڭلارنىڭ بۇ دوستلۇق مېھرى ئۇنىڭمۇ ئىللىق ئەسلىمىسى بولۇپ قالدى.

«ھەر قېتىم ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن، تاغىلىرىمنىڭ ھەممىسى كېلىپ مېنى ئۇزىتىپ قويىدۇ، ماڭا پارچە خىراجەت پۇلى بېرىدۇ. مەيلى يۇرتۇمدا بولسۇن ياكى مەكتەپتە بولسۇن، ھەر مىللەت ئىناق ئۆتكەن چوڭ ئائىلىنىڭ كۆيۈنۈشى ھەر ۋاقىت قەلبىمنى ئىللىتىدۇ، شۇنداقلا مېنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، كۆيۈنۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئادىلە تېلېفوندا مۇخبىرغا.

بۈگۈنكى كۈندە، چوڭلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، قەتئىيلىكى ئائىلە قېرىنداشنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندى، بەيياڭخې كەنتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوستلۇق مېھرىمۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.







دېھقان ئالىم ساۋۇت يېرىم يىلدا پار قازان ئىشچىلىرىنى باھالاشتىن ئۆتتى

# «نامرات راھەتپەرەسلىك»تىن ئىرىشىپ ئىشلەشكىچە

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ مېڭرەن، ئىختىيارىي مۇخبىر ئەمەرجان ھەسەن

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باي ناھىيەسى تيەنيۈەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئالىم ساۋۇت ئەتىگەندىلا ئىدارىگە كېلىپ، خىزمەت فورمىسىنى ئالماشتۇرۇپ، بېشىغا قالپاق كىيىپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى باشلىدى.

ئىلگىرى كەنتتىكى «ھورۇن»دىن كارخانىنىڭ خىزمەتچىسىگىچە، بۈگۈنكى كۈندە ئالىمنىڭ ئىشلەش غەيرىتى ئېشىپ، ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

ئىش ئورنىغا كەلگەن ھامان، ئۇ ئالدى بىلەن پار قازان ئۆيىگە كېلىپ خىزمەتدىشىدىن خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ـ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھېساباتى دەپتىرىنى ئەستايىدىل تولدۇردى، ئاندىن پار قازاننىڭ بوشاپ كەتكەن ۋىنتىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەپسىلىي تەكشۈردى، پار قازاندىكى قايتقان سۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ نورمال ـ نورمال ئەمەسلىكىنى تەكشۈردى...

«مجىت، يەنە 40 مىنۇتتىن كېيىن بىز كۆمۈر سېلىشنى باشلايمىز، سەن ئالدى بىلەن ئازراق سۇ تولۇقلىغىن، تېمپېراتۇرىغا دىققەت قىلغىن...» دېدى ئالىم شاگىرتىغا تاپىلاپ، ئۇ ھازىر تېخنىكىسى پىشقان پار قازان ئىشچىسىغا ئايلاندى، يەنە تېخى شاگىرت تەربىيەلەۋاتىدۇ.

43 ياشلىق ئالىم باي ناھىيەسى باي بازىرى شەھەرلىك مەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئائىلىسىدە بەش جان ئادەم ۋە بەش مو يەر بار ئىدى، تۇرمۇشى ناھايىتى غورىگىل ئۆتەتتى.

«ئۆچ قىزىمنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئالدىنقى نەچچە يىلدا مەن ئەقىلسىزلىقىمدىن كۈنبويى ئۆيدە يېتىۋېلىپ، سىرتقا ئىشلىگىلى چىقماي، ‹نامرات راھەتپەرەسلىك›نى ئويلايتتىم. ئۇ چاغدا بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى خوتۇنۇم ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىشلەپ تاپقان پۇلغا تايىنىپ تۇرمۇشىمىزنى قامدايتتۇق.» بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئالىم بەكمۇ خىجىل بولدى.

ئالدىنقى يىللاردا، ئالىمنىڭ چوڭ قىزى رېماتىزم كېسىلى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ پۇل ئارىيەت ئېلىپ، بالىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى. بۇ ئىش ئالىمغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىرىشىپ ئىشلەپ باللىرىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەكچى بولدى. لېكىن ئالىمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن ھەم تېخنىكىسى بولمىغاچقا ئىش تېپىپ ئىشلىشى تەسكە توختىدى.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئەينى چاغدىكى باي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ شەھەرلىك مەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋۇ يامېينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئالىم ناھىيەدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتىگە كېلىپ ئىشلىدى.

خىزمەت بىلەن تېزدىن تونۇشۇش ئۈچۈن، ئالىم ئادەتتە كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ، بىلمىگەنلىرىنى توختىماي سوراپ ئىرىشىپ ئۆگەندى.

«ئالىم يېڭى كەلگەن ۋاقىتدا ھېچنېمە بىلمەيتتى، بىز بىر پېشقەدەم ئۇستامنى ئۇنى يېتەكلەشكە ئورۇنلاشتۇردۇق، يېرىم يىل ئىرىشىش ئارقىلىق، ئالىم تولۇق باھالاشتا لاياقەتلىك بولۇپ، پار قازان ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان بولدى» دېدى باي ناھىيەسى تيەنيۈەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى دوك جۈن.

يېرىم يىلدا باھالاشتىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ نەتىجە ئالىمغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمىدى. دېھقاندىن ئىشچىغا ئايلانغۇچە، ئالىم جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى.

«ئاشۇ بىرنەچچە ئايدا، مەن تۇرلۇك مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن دائىم ئىدارىدە قوندۇم، ئۇستاملار ماڭا نۇرغۇن تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىپ قويىدى، بۇنىڭ تېز ئىلگىرىلىشىمگە ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولدى» دېدى ئالىم.

ھازىر، ئالىم باي ناھىيەسى تيەنيۈەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتى بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىدى، ئۇ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدى.

«مەن 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئامانەت قويدۇم. كەنت ئاھالە كومىتېتى يەنە خوتۇنۇمنى ئۇن تاماقلىرى ئېتىشنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، ئۇنى بىر كەسمە چۆپ دۇكىنىدا ئىشلەشكە تونۇشتۇرۇپ قويىدى، ھازىر ئۇنىڭمۇ ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى» دېدى ئالىم.

ھازىر ئالىم ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارزۇسى كۆپرەك پۇل تېپىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش.

# شىنجاڭدىكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋارىسلىرى بېيىش كويىدا يۈرۈپتۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنتتە، ھېيت ئىمىن ۋە باشقا بىرقانچە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋارىسلىرى ھۈنەر ـ سەنئەت تارقاتقۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە بېيىش باشلامچىلىرى ئىدى. ھېيت ئىمىن ياسىغان چالغۇلارنىڭ ئاھاڭى ئۆلچەملىك، ئاۋاز تۈسى گۈزەل، شەكلى چىرايلىق بولغاچقا، بازاردا ناھايىتى ئالقىشلاندى، يېقىن ئەتراپتىكى نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ھۈنەر ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئەسلىشىچە، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ 200دىن كۆپرەك شاگىرت يېتىشتۈرۈپتۇ، نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن بۇ يېزا ياشلىرى بىرنەچچە يىل ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاساسىي جەھەتتىن چالغۇ ياساش، رېمونت قىلىش، چېلىشقا تايىنىپ كىرىمىنى ئاشۇرالايدىغان بوپتۇ.

مۇشۇ كەنتتىكى شاگىرت تۇرغۇن نۇردۇننىڭ بۇ يەردە ئۆگىنىۋاتقىنىغا، ئىشلەۋاتقىنىغا 12 يىل بولغان بولۇپ، ھېيت ئىمىن كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلىدىغان «مىراس ۋارىسى» بولۇپ قالدى.

«مەن چالغۇ ياساشقا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم، مەن بۇ ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى نەپكە ئېرىشتۈرىمەن» دېدى تۇرغۇن نۇردۇن.

«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» سۈپەتلىك ماركا ئۈنۈم ئېففېكتىنى جارى قىلدۇرۇش، كەنتنىڭ «خاس ھۈنەر ـ سەنئەت» ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، جاي كەنتى چالغۇ ياساش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى. كوپېراتىپ مەسئۇلى ئابدۇللا ئىبراھىم مۇنداق تونۇشتۇردى: مەيدانى كەنت تەمىنلىدى، زاۋۇت ئۆيى قۇرۇلۇشى خىراجىتى دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن كەلگەن، كەنتتىكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋارىسلىرى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنىرىنى ئۆگىتىشكە مەسئۇل بولدى، يېقىن ئەتراپتىكى 60تىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسى بۇ يەردە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، «ھازىر ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، بارلىق خىزمەتچى خادىملار نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى».

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ خىزمەتچىسى تۇردى غوپۇر ئىزچىل چالغۇ نەقىشچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىش تەرتىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر ئايلىق كىرىمى 4000 يۈەن ئەتراپىدا. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىلگىرى يەر تېرىشتىن باشقا كىرىم مەنبەيىم يوق ئىدى، ھازىر چالغۇ ياساش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، ئائىلىمىزدە يىغقان پۇلىمىز بار بولدى، «مەن يېتەرلىك پۇل يىغىپ، ناھىيە بازىرىدا ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ چالغۇلىرىنى بىۋاستە سېتىش دۇكىنى ئېچىپ، كىرىمىمنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تېز ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىمەن».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى جۇ يۆلوڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرىقى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل داۋالاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش لايىھەسىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە ئەلالاشتۇردى. دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، ۋىرۇس نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۇرلۇك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمىي كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتتى ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 26 يۇقۇملانغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشىلاندى، تۇرلۇك كۆرسەتكۈچلىرى نورمال بولۇپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)